مۇقەددەس كىتاب

# ياقۇب

يازغان خەت

59

# ياقۇپ يازغان خەت

## مۇقەددەس كىتاب - يېڭى ئەھدە
## (ئىنجىل)
## 20-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# ياقۇب يازغان خەت

## ئون ئىككى قەبىلىگە سالام

1 1 خۇدانىڭ ۋە خۇداۋەندە ئەيسا مەسىھنىڭ بەندىسى ياقۇبتىن تارىلىپ كەتكەن ئون ئىككى
قەبىلىگە سالام.

## ئېتىقاد ۋە سىناق

2 ئەي بۇرادەرلىرىم، خىلمۇخىل سىناقلارغا چۈشكىنىڭلارنى چوڭ خۇشاللىق ساناڭلار.
3 بىلىڭلاركى، ئىمانىڭلارنىڭ سىنىنىشى سەۋر ھاسىل قىلىدۇ. 4 لېكىن، سىلەر كامىل ۋە
ئەيىبسىز بولۇپ، ھېچ ئىشتا كەملىكىڭلار بولمىسۇن دەپ، سەۋرنىڭ ئەملى كامىل بولسۇن.
5 سىلەردىن بىركىم ھېكمەتتە ئۆكسۈگەن بولسا، ئەيىبلىمەي، خۇش-رىزا بىلەن ھېكمەت
بېرىدىغان خۇدادىن تىلىسۇن ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدۇ. 6 لېكىن ھېچ شەك كەلتۈرمەي، ئېتىقاد
بىلەن تىلىسۇن، چۈنكى شەك قەلتۈرگۈچى دېڭىزنىڭ شامالدىن ئۇرۇلۇپ چايقالغان دولقۇنىغا
ئوخشايدۇ. 7 شۇنداق ئادەم خۇدادىن بىر نەرسە تاپاي دەپ، ئۈمىد قىلمىسۇن. 8 ئىككى
پىكىرلىك كىشى ھەممە يوللىرىدا تۇراقسىزدۇر.

9 نامرات بولغان بۇرادەر ئۆزىنىڭ كۆتۈرۈلگىنى بىلەن پەخىرلەنسۇن. 10 لېكىن دۆلەتمەن
بولغان بۇرادەر ئۆزىنىڭ تۆۋەن قىلىنغىنى بىلەن پەخىرلەنسۇن، چۈنكى ئۇ ئوتنىڭ گۈلىدەك
تۇزۇپ كېتىدۇ. 11 مانا ئاپتاپ ئىسسىقلىق بىلەن چىقىپ، يەر ئوتىنى قۇرۇتىدۇ ۋە گۈلى
چۈشۈپ گۈزەللىكى يوقىلىدۇ. دۆلەتمەن شۇنداق ئۆز يوللىرىدا سولىشىدۇ.
12 سىناققا سەۋر-تاقەت قىلغان كىشى مۇبارەكتۇر. چۈنكى سىناقتىن ساپ چىقسا، خۇداۋەندە
ئۆزىنى دوست تۇتقۇچىلارغا ۋەدە قىلغان تىرىكلىك تاجىنى تاپىدۇ. 13 بىركىم سىناق
قىلىنغاندا: «خۇدا تەرىپىدىن سىناق قىلىنىمەن» دەپ ئېيتمىسۇن، چۈنكى خۇدا يامانلىقتىن
سىناق قىلىنمايدۇ ۋە ئۆزى ھېچكىمنى سىناق قىلمايدۇ. 14 لېكىن بىركىم ئۆز شەھۋىتىدىن
تارتىلىپ ئېزىقتۇرسا، سىناق قىلىنىدۇ. 15 ۋە شەھۋەت ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن، گۇناھ
تۇغىدۇ. ئەمما گۇناھ پىشقاندىن كېيىن ئۆلۈم تۇغىدۇ. 16 ئەي ئامراق بۇرادەرلىرىم، ئازماڭلار.
17 ھەر ياخشى ھەدىيە ۋە ھەر كامىل ئىنئام يۇقىرىدىن نۇرلارنىڭ ئاتىسى تەرىپىدىن نازىل
بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىدە ئۆزگىرىش ۋە تەبدىللىكنىڭ سايىسى يوقتۇر. 18 ئۇ بىزنى خۇددى ئۆز
مەخلۇقاتىنىڭ تۇنجى مېۋىسى بولسۇن دەپ، ئۆز ئىرادىسىگە مۇۋاپىق بىزنى ھەقىقەتنىڭ
سۆزى بىلەن تۇغدۇردى.

## خۇدانىڭ سۆزىنى ئەمەلگە كەلتۈرۈش

[19] ئەي ئامراق بۇرادەرلىرىم، شۇنى بىلىڭلاركى، ھەر ئادەم ئاڭلىماقتا ئىتتىك، سۆز قىلىشتا
ئېغىر ۋە غەزەپلىنىشتە سۇس بولسۇن. [20] چۈنكى ئادەمنىڭ غەزىپى خۇدانىڭ ئالدىدا ئادىل
بولغاننى ئەمەلگە كەلتۈرمەيدۇ. [21] بۇ ۋەجىدىن ھەر پاسكىنىلىق ۋە يامانلىقنىڭ قالدۇقلىرىنى
تاشلاپ، سىلەردە تېرىلىپ جانلىرىڭلارنى قۇتقۇزالايدىغان سۆزنى ياۋاشلىق بىلەن قوبۇل
قىلىڭلار.
[22] ئەمما سۆزنى ئەمەلگە كەلتۈرگۈچى بولۇڭلار. ئۆز ئۆزۈڭلارنى ئالداپ، يالغۇز ئاڭلىغۇچى
بولماڭلار. [23] چۈنكى بىراۋ ئاڭلىغۇچى بولۇپ قىلغۇچى بولمىسا، بىر ئەينەكتە ئۆزىنىڭ يۈزىگە
قارايدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ. [24] چۈنكى ئۇ ئۆزىگە قاراپ قويۇپ، كېتىپ دەرھال ئۆزىنىڭ
قانداق بولغىنىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. [25] لېكىن ئازادلىقنىڭ كامىل قانۇنىغا نەزەر سېلىپ قاراپ،
ئۇنىڭغا داۋاملىق قاراپ، ئۇنتىدىغان ئاڭلىغۇچى بولماي، بەلكى ئەمەل قىلغۇچى بولغان
كىشى ئۆز ئىشىدا مۇبارەك بولىدۇ.
[26] بىركىم ئۆزىنى دىندار دېسە ۋە ئۆز تىلىغا يۈگەن سالماي، ئۆز كۆڭلىنى ئالداتسا، ئۇنداقنىڭ
دىندارلىقى ئىناۋەتسىزدۇر. [27] خۇدا ئاتىنىڭ ئالدىدا پاك ۋە ئەيىبسىز بولغان ئىبادەت
يېتىملەرنى ۋە تۇللارنى ئۆز تەڭلىكلىرىدە يوقلاپ، ئۆزىنى دۇنيادىن داغسىز ساقلىماقتۇر.

## ئايرىمچىلىق قىلماسلىق

2 [1] ئەي بۇرادەرلەر، شان-شەرەپنىڭ ئىگىسى خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھكە بولغان
ئىمانىڭلار يۈز-خاتىرە قىلىش بىلەن بولمىسۇن. [2] چۈنكى جەملەشكەن يىغىڭلارغا ئالتۇن
باغ ئۈزۈكلۈك ۋە چىرايلىق كىيىملىك ئادەم كىرگەندە، كىر كىيىملىك پېقىر بىر كىشى
ھەم كىرسە، [3] سىلەر ئۇ چىرايلىق كىيىملىك كىشىگە قاراپ ئۇنىڭغا: «سەن تۆرگە چىقىپ
ئولتۇرغىن» دەپ، پېقىرغا: «سەن ئاندا تۇرغىن» ياكى «ئايىغىمدا ئولتۇرغىن» دېسەڭلار،
[4] ئۆز ئىچىڭلاردا يۈز-خاتىرە قىلىپ، ناھەق ھۆكۈم قىلىدىغان ھاكىملار بولمىدىڭلارمۇ؟
[5] ئەي ئامراق بۇرادەرلىرىم، ئاڭلاڭلار. خۇدا بۇ دۇنيانىڭ پېقىرلىرىنى ئىماندا دۆلەتمەن بولۇپ،
ئۇنىڭ ئۆزىنى دوست تۇتقانلارغا ۋەدە قىلغان پادىشاھلىقتا ۋارىس بولغىلى ئىلغىمىغانمۇ؟
[6] لېكىن سىلەر پېقىرلارنى تەھقىر قىلدىڭلار. سىلەرگە زۇلۇم قىلىپ، سىلەرنى مەھكىمىلەرگە
سۆرىگۈچى بايلار ئەمەسمۇ؟ [7] سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا ئاتالغان ياخشى ئىسىمغا كۇپۇرلۇق
قىلغۇچى ئۇلار ئەمەسمۇ؟ [8] ئەگەر سىلەر مۇقەددەس يازما بۇيرۇغاندەك: «ھەقەمسايەڭنى
ئۆزۈڭدەك دوست تۇتقىن» دېگەن پادىشاھلىق ئەمرنى تۇتساڭلار، ياخشى قىلىسىلەر. [9] لېكىن
يۈز-خاتىرە قىلساڭلار، گۇناھ قىلىپ، تەۋرات قانۇنى تەرىپىدىن خىلاپلىق قىلغۇچىلاردەك
ئەيىبلىنىسىلەر.

10 چۈنكى كىمكى بارچە تەۋرات قانۇنىنى تۇتۇپ، بىر ئىشتا گۇناھ قىلسا، ھەممىسىگە
قەرزدار بولغان بولىدۇ. 11 چۈنكى «زىنا قىلمىغىن» دەپ ئېيتقۇچى ھەم قاتىللىق قىلمىغىن
دېگەندۇر. لېكىن زىنا قىلماي قاتىللىق قىلساڭ، تەۋرات قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغۇچى بولىدۇڭ.
12 ئازادلىقنىڭ قانۇنىغا مۇۋاپىق ھۆكۈم قىلىنىدىغانلارغا توغرا كەلگۈدەك سۆز قىلىپ ئەمەل
قىلىڭلار. 13 چۈنكى ھۆكۈم مەرھەمەت قىلمىغانلارغا مەرھەمەتسىز بولىدۇ ۋە مەرھەمەت ئۆزى
ھۆكۈمنىڭ ئۈستىگە پەخىرلىنىدۇ.

## ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر

14 ئەي بۇرادەرلىرىم، بىركىمنىڭ ئىمانى بولۇپ ئەمەللىرى بولمىسا، نېمە پايدا بولىدۇ؟ ئىمان
ئۇنى قۇتقۇزامدۇ؟ 15 ئەگەر بىر بۇرادەر ياكى ھەمشىرە يالىڭاچ بولۇپ، كۈندىلىك تائامغا
موھتاج بولسا، 16 سىلەردىن بىرى ئۇلارغا: «ئامانلىق بىلەن بېرىپ، ئىسسىغۇدەك كىيىپ،
تويغۇدەك يەڭلار» دېسە، لېكىن ئۇلارغا بەدەنلىرىگە لازىم بولغاننى بەرمىسە، نېمە پايدا
بولىدۇ؟ 17 شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىماننىڭ ئەمەللىرى بولمىسا، ئۆزى يالغۇز بولغاچ ئۆلگەندۇر.
18 ئېھتىمالكى بىركىم: «سەندە ئىمان بار ۋە مەندە ئەمەل بار. سېنىڭ ئەمەلسىز ئىمانىڭنى
ماڭا كۆرسەتكىن ۋە مەن ئەمەللىرىم بىلەن ئۆز ئىمانىمنى ساڭا كۆرسىتەي» دەپ ئېيتىدۇ.
19 سەن خۇدا بىردۇر دەپ ئىشىنىسەن. بۇنىڭ بىلەن راست قىلىسەن. يامان روھلار ھەم شۇنىڭغا
ئىشىنىپ تىترەيدۇ. 20 لېكىن، ئەي ئىناۋەتسىز ئادەم، ئىمان ئەمەلسىز بولسا قۇدرەتسىزدۇر
دەپ بىلگەيسەن. 21 ئاتىمىز ئىبراھىم ئۆز ئوغلى ئىسھاقنى قۇربانگاھقا چىقارغاندا ئەمەللەر
بىلەن ئادىل قىلىنمىدىمۇ؟ 22 كۆرىسەنكى، ئىمان ئەمەللىرى بىلەن ئىشلىشىپ بېرىپ، ئىمان
ئۆزى ئەمەللەر بىلەن كامالەتكە يەتكۈزۈلدى. 23 بۇنىڭ بىلەن مۇقەددەس يازمىنىڭ سۆزى،
يەنى: «ئىبراھىم خۇداغا ئىشەندى ۋە بۇ ئۇنىڭغا ئادالەتتەك سانالدى ۋە ئۇ ئۆزى خۇدانىڭ
دوستى دەپ ئاتالدى» دەپ ئېيتىلغان سۆز بەجا كەلتۈرۈلدى.
24 كۆرىسىلەركى، ئادەم يالغۇز ئىمان بىلەن ئەمەس، ئەمەللەر بىلەن ئادىل قىلىنىدۇ. 25 شۇنداق
ھەم پاھىشە راھاب جاسۇسلارنى قوبۇل قىلىپ باشقا يول بىلەن چىقارغاندا، ئەمەللەر بىلەن
ئادىل قىلىنمىدىمۇ؟ 26 چۈنكى بەدەن روھسىز بولسا ئۆلۈك بولغاندەك، ئىمان ھەم ئەمەلسىز
بولسا ئۆلۈكتۇر.

## تىلنى تىزگىنلەش

3 1 ئەي بۇرادەرلىرىم، سىلەردىن تولا كىشىلەر مۇئەللىم بولمىسۇن. بىز مۇئەللىملەر
قاتتىقراق ھۆكۈم تاپىدىغىنىمىزنى بىلىڭلار. 2 ھەممىمىز تولا ئىشلاردا خاتا قىلىمىز.

بىر كىشى ھېچبىر سۆزدە خاتا قىلمىسا، ئۇ ئۆزى بارچە بەدىنىگە يۈگەن سالغان كامىل بىر
كىشىدۇر. 3 ئاتلارنى بىزگە ئىتائەت قىلدۇرماق ئۈچۈن ئېغىزلىرىغا يۈگەن سېلىپ، پۈتۈن
بەدەنلىرىنى قايتۇرالايمىز.
4 مانا قاتتىق شامال بىلەن ھەيدىلىپ ماڭدۇرۇلغان چوڭ كېمىلەر بولسا شۇنچە يوغان بولغىنى
بىلەن، چۆرۈگۈچى خالىغان تەرەپكە كىچىككىنا بىر رول بىلەن قايرىلىدۇ. 5 شۇنىڭغا ئوخشاش
تىل ئۆزى كىچىك بىر ئەزا بولۇپ، تولا يوغان سۆزلەيدۇ. مانا شۇنچە كىچىك ئوت قانچە چوڭ
جاڭگالنى تۇتاشتۇرىدۇ. 6 تىل ھەم بىر ئوتدۇر. تىل بىر زۇلۇم ئالەمدەك ئەزالىرىمىزنىڭ
ئارىسىدا تۇرۇپ، پۈتۈن بەدەننى داغلاندۇرۇپ، ئۆزى دوزاختىن تۇتاشتۇرۇلۇپ، مەۋجۇداتنىڭ
چاقىنى تۇتاشتۇرىدۇ. 7 چۈنكى بارچە ھايۋانات، چارۋا ۋە ئۇچارقاناتلار بولسا، ئۆمىلەيدىغان
جانىۋار ۋە سۇدا يۈرىدىغان جانىۋارلار بولسا ھەممىسى ئادەملەردىن بېسىلىپ تىزگىنلىمەكتە،
ھەمدە تىزگىنلىنگەن. 8 لېكىن ھېچبىر ئادەم تىلنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ. ئۆزى توختاۋسىز
يامان بىر نېمە بولۇپ، ئۆلتۈرىدىغان زەھەر بىلەن تولغاندۇر. 9 تىل بىلەن خۇداۋەندىگە ۋە
ئاتىغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ ئوخشاشلىقىدا يارىتىلغان ئادەملەرگە لەنەت
ئوقۇيمىز. 10 بىر ئېغىزدىن ھەمد ۋە لەنەت چىقىدۇ. ئەي بۇرادەرلەر، ئۇنداق بولمىسۇن.
11 بۇلاقنىڭ بىر كۆزىدىن چىققان سۇ ھەم تاتلىق، ھەم ئاچچىق بولالامدۇ؟ 12 ئەي بۇرادەرلىرىم،
ئەنجۈر دەرىخى زەيتۇن ياكى ئۈزۈم تېلى ئەنجۈر كەلتۈرەلەمدۇ؟ شۇنداق ھەم شور بۇلاق
تاتلىق سۇ چىقىرالمايدۇ.

## يۇقىرىدىن بولغان ھېكمەت

13 ئاراڭلاردا ئاقىل ۋە دانا كىم بار؟ شۇنداق كىشى ھېكمەتنىڭ ياۋاشلىقىدا ياخشى يۈرۈش-
تۇرۇشى بىلەن ئەمەللىرىنى كۆرسەتسۇن. 14 لېكىن كۆڭۈللىرىڭلاردا ئاچچىق، ھەسەت ۋە
مۇخالىپلىق بولسا، ھەقىقەتكە قارشى يالغان سۆزلەپ يوغانلىق قىلماڭلار. 15 چۈنكى ئۇنداق
ھېكمەت يۇقىرىدىن نازىل بولماي، بەلكى دۇنياۋى ۋە نەپسانىي بولۇپ، يامان روھلاردىندۇر.
16 مانا ھەسەت ۋە مۇخالىپلىق نە يەردە بولسا، تەرتىپسىزلىك ۋە ھەر يامانلىق ئاندادۇر.
17 لېكىن يۇقىرىدىن بولغان ھېكمەت ئەڭ ئاۋۋال پاكتۇر، ئاندىن تىنچ، مۇلايىم، ياۋاش بولۇپ،
مەرھەمەت ۋە ياخشى مېۋە بىلەن تولۇپ، شەكسىز ۋە رىياسىز بولىدۇ. 18 ئادالەتنىڭ مېۋىسى
ئامانلىقتا تېرىلىپ، تىنچلىق ئورناتقۇچىلارنىڭ نېسىپى بولىدۇ.

## يوغانچىلىق قىلماسلىق

4 [1] ئاراڭلاردىكى ئۇرۇشلار ۋە جېدەللەر قەيەردىندۇر؟ ئەزالىرىڭلاردا جەڭ قىلىپ تۇرغان
شەھۋەتلىرىڭلاردىن ئەمەسمۇ؟ [2] تەمە قىلىپ، ئېگە بولمايسىلەر. ئۆلتۈرۈپ ھەسەت
قىلىپ ئۇتۇۋالمايسىلەر. جېدەل قىلىپ ئۇرۇشىسىلەر. دۇئا قىلمىغىنىڭلار ئۈچۈن بىر
نەرسە تاپالمايسىلەر. [3] دۇئا قىلغىنىڭلاردا يامان تەرىقىدە دۇئا قىلغىنىڭلار ئۈچۈن بىر نېمە
تاپمايسىلەر. سەۋەب شۇكى، ئۆز شەھۋەتلىرىڭلارغا ئۇنى سەرپ قىلغىڭلار بار. [4] ئەي بىۋاپا
ئاسىيلار، دۇنيانىڭ دوستلۇقى خۇداغا دۈشمەنلىكتۇر دەپ بىلمەمسىلەر؟ كىمكى دۇنيانىڭ
دوستى بولغىلى خالىسا، خۇدانىڭ دۈشمىنى بولىدۇ. [5] ياكى: «سىلەردە ماكان تۇتقان روھ
كۈچلۈك مۇھەببەت بىلەن ئىشتىياق باغلايدۇ» دەپ مۇقەددەس يازما ئېيتقان سۆزنى بىكار
دەيسىلەرمۇ؟ [6] لېكىن ئۇ ئاتا قىلغان مېھىر-شەپقەت چوڭراقتۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس
يازمىلار: «خۇدا مۇتەكەببۇرلارغا زىت تۇرىدۇ، لېكىن كەمتەرلەرگە مېھىر-شەپقەت ئاتا قىلىدۇ»
دەپ ئېيتىدۇ.
[7] بۇ ۋەجىدىن خۇداغا بويۇن سۇنۇڭلار، ئەمما ئىبلىسقا زىت تۇرۇڭلار ۋە ئۇ سىلەردىن قاچىدۇ.
[8] خۇداغا يېقىن كېلىڭلار ۋە ئۇ سىلەرگە يېقىن كېلىدۇ. ئەي گۇناھكارلار، قوللىرىڭلارنى پاكىز
قىلىڭلار. ئەي ئىككى پىكىرلىكلەر، كۆڭۈللىرىڭلارنى پاكىز قىلىڭلار. [9] ئۆز پەرىشانلىقىڭلارنى
بىلىپ، غەمكىن بولۇپ يىغلاڭلار. كۈلۈشۈڭلار يىغلىماقلىققا ۋە خۇشلۇقۇڭلار غەمكىنلىككە
ئايلاندۇرۇلسۇن. [10] خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن تۇتۇڭلار ۋە ئۇ سىلەرنى
ئېگىزلەندۇرىدۇ.
[11] ئەي بۇرادەرلەر، بىر-بىرىڭلارنىڭ ئۈستىدىن غەيۋەت قىلماڭلار. بىر بۇرادەرنىڭ غەيۋىتىنى
قىلىپ، ئۆز بۇرادىرىنى ھۆكۈم قىلغۇچى تەۋرات قانۇنىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، تەۋرات قانۇنىنى
ھۆكۈم قىلىدۇ. لېكىن تەۋرات قانۇنىنى ھۆكۈم قىلساڭ، تەۋرات قانۇنىنى تۇتقۇچى بولماي،
ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغۇچى بولىسەن. [12] قۇتقۇزۇشقا ۋە ھالاك قىلىشقا قادىر بولغۇچى،
يەنى تەۋرات قانۇنىنى بېرىپ ھۆكۈم قىلغۇچى بىردۇر. ئۆز ھەقەمسايەڭنى ھۆكۈم قىلىدىغان
كىمسەن؟
[13] ئەمدى، ئەي سىلەر، بۈگۈن ياكى ئەتە پالان شەھەرگە بېرىپ، ئاندا بىر يىل تۇرۇپ، سودا
قىلىپ پايدا تاپايلى» دەپ ئېيتقانلار ئاڭلاڭلار. [14] ئەتە نېمە ۋەقە بولىدىغىنىنى بىلمەيسىلەر
ئەمەسمۇ؟ ھاياتىڭلار نېمىدۇر؟ مانا ئازغىنا ۋاقىت كۆرۈنۈپ، كېيىن يوقىلىدىغان بىر
تۈتۈندۇرسىلەر. [15] خۇداۋەندە خالىسا ۋە ئۆمۈر كۆرسەك، ئۇنى ياكى بۇنى قىلايلى دېسەڭلار،
ياخشى بولماتتى؟ [16] لېكىن ئەمدى ئۆز يوغانلىقىڭلار بىلەن پەخىرلىنىسىلەر. ھەممە شۇنداق
پەخىر ياماندۇر. [17] ئۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى ياخشىلىق قىلىشنى بىلىپ قىلمىسا، ئۇنىڭغا گۇناھ
بولىدۇ.

## بايلارغا ئاگاھلاندۇرۇش

5 1 ئەمدى، ئەي بايلار، ئاڭلاڭلار. ئۈستۈڭلارغا كېلىدىغان بالالار ئۈچۈن پىغان قىلىپ يىغلاڭلار.
2 دۆلىتىڭلار چىرىپ، لىباسلىرىڭلار كۈيىدىن يېيىلگەن. 3 ئالتۇن ۋە كۈمۈشۈڭلار داتلىشىپ
بۇزۇلغان ۋە ئۇلاردىكى دات سىلەرگە قارشى بىر گۇۋاھلىق بولۇپ، ئوتتەك گۆشۈڭلارنى يەيدۇ.
ئاخىرقى كۈنلەردە خەزىنە يىغدىڭلارغۇ! 4 مانا ئېكىن يەرلىرىڭلارنى ئورغان مەدىكارلارنىڭ
بېرىلمەي ئېلىپ قېلىنغان ئىش ھەقلىرى قىچقىرىدۇ ۋە ئورمىچىلارنىڭ ئاۋازى ساماۋى
قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇداۋەندىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. 5 يەر يۈزىدە ئەيش-ئىشرەت
قىلىپ راھەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ، يۈرەكلىرىڭلارنى قۇربانلىق كۈنىدىكىدەك بوردىدىڭلار.
6 ئادىلنى ھۆكۈم قىلىپ ئۆلتۈردۈڭلار. ئۇ سىلەرگە زىت تۇرمىدى.

## سەۋر قىلىش

7 ئەي بۇرادەرلەر، خۇداۋەندىنىڭ كېلىشىگىچە سەۋر قىلىڭلار. مانا دېھقان يەرنىڭ ياخشى
مېۋىسىگە ساقلاپ تۇرۇپ، كۈز ۋاقتىنىڭ ۋە ئەتە يازنىڭ يامغۇرىغا سەۋر بىلەن مۇنتەزىر
بولىدۇ. 8 ئۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ھەم سەۋر قىلىپ كۆڭۈللىرىڭلارنى مۇستەھكەم قىلىڭلار،
چۈنكى خۇداۋەندىنىڭ كېلىشى يېقىنلاشتى. 9 ئەي بۇرادەرلەر، بىر-بىرىڭلارنىڭ ئۈستىدىن
شىكايەت قىلماڭلار. بولمىسا ھۆكۈم قىلىنىسلەر. مانا ھاكىم ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.
10 ئەي بۇرادەرلەر، خۇداۋەندىنىڭ ئىسمى بىلەن سۆز قىلغان پەيغەمبەرلەرنى زەخمەت تارتىشتا
ۋە سەۋر قىلىشتا نەمۇنە قىلىڭلار. 11 مانا، سەۋر قىلغۇچىلارنى مۇبارەك دەيمىز. ئايۇبنىڭ
سەۋرىنى ئاڭلاپ، خۇداۋەندە ئۇنىڭغا بەرگەن ئىلاجىنى كۆردۈڭلار، چۈنكى خۇداۋەندە تولا
مەرھەمەتلىك ۋە مېھرىبانلىقتۇر.

## ئاخىرقى نەسىھەتلەر

12 لېكىن ھەممىدىن مۇھىم، ئەي بۇرادەرلەر، يا ئاسمان بىلەن يا يەر بىلەن ۋە يا باشقا بىر ئانت
بىلەن قەسەم قىلماڭلار. لېكىن «بەرھەق» دېگىنىڭ «بەرھەق» بولسۇن، ۋە «ياق» دېگىنىڭ
«ياق» بولسۇن. بولمىسا ھۆكۈمنىڭ تېگىگە چۈشىسلەر.
13 ئاراڭلاردا بىرىكىم زەخمەت تارتسا، دۇئا قىلسۇن. بىرىكىم خۇشال بولسا، ھەمد-مەدھىيە
ئوقۇسۇن. 14 ئاراڭلاردا بىرىكىم كېسەل بولسا، جامائەتنىڭ ئاقساقاللىرىنى قىچقارسۇن ۋە
ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ ئىسمى بىلەن ئۇنى ياغ بىلەن ياغلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە دۇئا قىلسۇن.
15 ئىماننىڭ دۇئاسى كېسەلنى قۇتقۇزىدۇ ۋە خۇداۋەندە ئۇنى قوپۇرىدۇ. گۇناھ قىلغان بولسا
ھەم، ئۇ كەچۈرۈلىدۇ. 16 گۇناھلارنى بىر-بىرىڭلارغا ئىقرار قىلىپ، بىر-بىرىڭلار ئۈچۈن دۇئا

قىلىڭلاركى، شىپا تاپقايسىلەر. بىر ئادىلنىڭ دۇئاسى ئۈنۈملۈك بولۇپ، تولا ئىشقا قادىردۇر.
[17] ئىلياس بىزگە ئوخشاش بىر ئادەم ئىدى. ئۇ يامغۇر ياغمىسۇن دەپ بىر دۇئا قىلدى ۋە ئۈچ يىل ئالتە ئايغىچە يەر يۈزىگە يامغۇر ياغمىدى. [18] ئۇ يەنە دۇئا قىلدى ۋە ئاسمان يامغۇر بەردى ۋە يەر ئۆز مېۋىسىنى كەلتۈردى.
[19] ئەي بۇرادەرلىرىم، ئاراڭلاردا بىركىم ھەقىقەتتىن ئېزىقىپ كەتسە ۋە بىر كىشى ئۇنى ياندۇرسا، [20] ئۇ ئۆزى بىلسۇنكى، بىر گۇناھكارنى يولىنىڭ ئېزىقتۇلۇقىدىن ياندۇرغان كىشى ئۇنىڭ جېنىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ، تولا گۇناھلارنى يېپىپ قويغان بولىدۇ.